# ئىستىخارە نامىزى

مۇسۇلمان بىز تورى

Www.Musulmanbiz.Com

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

ئىستىخارە نامىزى بولسا رەسۇلۇللەنىڭ سۈننەتلىرىنىڭ بىرىدۇر.بۇنامازنى رەسۇلۇللە ساھابىلىرىگە بىر ئىشتا ئىككىلىنىپ قالغان ۋە بىرەر يېڭى ئىشنى باشلىماقچى بولۇپ تۇرغاندا ئوقۇشقا بۇيرىغان.

ئىستىخارە دىگەن ئەرەپچە سۆز بولۇپ ياخشىلىق تەلەپ قىلىش دىگەن مەنىدە كىلىدۇ

ئەگەر سىز مەلۇم بىر ئىش ئۈستىدە ئىككىلىنىپ زادى قايسىسىنى قىلىشنى بىلەلمەي تۇرغان چېغىڭىزدا پاكلىنىپ تاھارەت ئېلىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغاندىن كىيىن ئىستىخاردە دۇئاسىنى ئوقۇپ ھاجىتىڭىزنى ئاللاھتىن تىلىسىڭىز ئاللاھ خالىسا قىلماقچى بولغان ئىشىڭىز ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.
بۇ توغۇرلۇق كەلگەن رەسۇلۇللەنىڭ سۆزىگە قاراپ باقايلى .

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ مۇنداق دەيدۇ. رەسۇلۇللە بىزگە ھەممە ئىشتا ئىستىخارە سىلىشنى قۇرئان ئايەتلىرىنى ئۈگەتكەندەك ئۈگىتىپ مۇنداق دەيتتى.ئەگەر سىلەرنىڭ بىرىڭلار بىرەر ئىشنى قىلىشنى نىيەت قىلسا ئۇ ئالدى بىلەن ئىككى رەكئەت نەفلە ناماز ئوقۇسۇن.ئاندىن بۇ دۇئانى ئوقۇسۇن.

«اللهم إني أستخيرك بعلمك، وأستقدرك بقدرتك، وأسألك من فضلك العظيم، فإنك تقدر ولا أقدر، وتعلم ولا أعلم، وأنت علام الغيوب. اللهم إن كنت تعلم أن هذا الأمر خير لي في ديني ومعاشي وعاقبة أمري» أو قال: «عاجل أمري وآجله، فاقدره لي ويسره لي، ثم بارك لي فيه، وإن كنت تعلم أن هذا الأمر شر لي في ديني ومعاشي وعاقبة أمري» أو قال: «عاجل أمري وآجله، فاصرفه عني، واصرفني عنه، واقدر لي الخير حيث كان، ثم أرضني به»

Musulmanbiz.com

ئۇيغۇرچە ئۇقۇلشى.ئاللاھۇممە ئىننىي ئەستەخىيرۇكە بىئىلمىكە،ۋە ئەستەقدىرۇكە بىقۇدرەتىكە،ۋە ئەسئەلۇكە مىن فەزلىكەلئەزىيم. فەئىننەكە تەقدىرۇ ۋەلا ئەقدىرۇ،ۋە تەئلەمۇ ۋەلا ئەئلەمۇ،ۋەئەنتە ئەللامۇلغۇيۇب.ئاللاھۇممە ئىن كۇنتە تەئلەمۇ ئەننە ھەزەلئەمرە خەيرۇ لىي فىي دىينىي،ۋەمەئاشىي ۋەئاقىبەتىي ئەمرىي فەقدۇرھۇلىي ۋەيەسسىرھۇلىي. سۇممەبارىك لىي فىي.ۋەئىن كۇنتە تەئلەمۇ ئەننە ھەزەلئەمراە شەررۇ لىي فىي دىينىي.ۋەمەئاشىي ۋەئاقىبەتى ئەمرى فەسرىفھۇئەننىي ۋەسرىفنى ئەنھۇۋەقدۇر لىيەلخەيرە ھەيسۇ كانە.سۇممە ئەرزىننىي بىھ .

( تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ مەن سىنىڭ ئىلمىڭ بىلەن بۇئىشمىنىڭ ياخشى بۇلشىنى تىلەيمەن.ماڭا ياخشى تەقدىر ئاتا قىلغىن.ماڭا ياخشى نىئمەتلىرىڭى ئاتا قىلغىن.سەن ھەممىگە قادىرسەن. مەن ھەقىقەتەن ئاجىزمەن.سەن ھەممىنى بىلىسەن. مەن بولسام سەن بىلدۇرگەندىن باشقىنى بىلمەيمەن.سەن غەيىپلەرنى بىلگۈچىسەن، ئى ئاللاھ مىنىڭ بۇ قىلماقچى بولغان ئىشىم دىنىمغا،دۇنيالىقىمغا،ۋە كەلگۈسىگە پايدىلىق بولسا تەقدىر قىلىپ بىكىتىۋەتكەيسەن.بۇ ئىشىمدا مۇۋاپىقىيەت قازىنىشىمغا ئاسانلىق ئىشلىرىمغا خۇشاللىق ۋە بەركەت ئاتا قىلغايسەن.ئەگەر بۇ ئىشىم دىنىمغا دۇنيالىقىمغا،ۋە كەلگۈسۈمگە زىيانلىق بولسا ئۇ ئىشنى مەندىن يىراق قىلغىن.مىنىمۇ ئۇ ئىشتىن يىراق قىلغىن.ياخشى ئىش نەدە بولسا شۇ ئىشنى ماڭا قىلىشقا نىسىپ قىلغىن.ئاندىن شۇ ئىش بىلەن مىنى رازى قىلغىن) بۇ دۇئانى ئۇقۇپ بولغاندىن كيىن ھاجىتىنى ئاللاھتىن (بۇخارى رىۋايەت قىلغان) سورىسۇن.

بۇ نامازنى ئۇقۇپ بولغاندىن كيىن ئاللاھ شۇ بەندىنىڭ قىلماقچى بولغان ئىش دىنىغا ۋە دۇنيالىقىغا ،كەلگۈسىگە پايدىلىق بولىدىغان بولسا شۇ ئىشنى قىلىشنى ئىلھام قىلىدۇ . ئۇنداق بولمىسا ئاللاھ ئۇ بەندىنى ئۇ ئىشنى قىلىشتىن تۇسىدۇ.

Musulmanbiz.com

بەزى كىشىلىرىمىز ئىستىخارە نامىزىنى ئوقۇپ ناماز ئوقۇغان ئورۇندىلا جەينامازنى يېپىنچا قىلىپ ئۇخلىسا ئاللاھ قىلماقچى بولغان ئىشنى چۈشىدە كۆرسىتىدۇ دەپ شۇ نامازنى ئوقۇپ بولۇپلا جەينامازدا ئۇخلىشىدۇ.

بۇ خاتا ئەقىدە. رەسۇلۇللاھ ئالدىدىن بىشارەت ئىزدىگۈچىلەرنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى دېگەن.قانداق بىر كىشى ئالدىدىن بىشارەت ئىزدەيدىكەن ئۇ چوڭ گۇناھكار بولىدۇ. چۈنكى ئالدىدىن بىشارەت ئىزدىگەنلىك كاھىن رامباللارغا ئوخشاپ قالىدۇ .

ھەدىستىمۇ رەسۇلۇللاھ چۈشىدە كۆرسىتىدۇ دېگەن گەپلەرنى قىلمىغان. پەقەتلا ئىككى رەكئەت ناماز نەفلە ناماز ئوقۇپ ئاندىن ئىستىخارە دۇئاسىنى ئوقۇپ ئاخىردا ھاجىتىنى ئاللاھتىن سوراشقا بۇيرىغان. قانداق بىر كىشى رەسۇلۇللاھ دېمىگەن ۋە قىلمىغان ئىشنى قىلسا ۋە دېسە ئۇ ئۇچۇق ئازغان بولىدۇ. يەنە بىر رىۋايەتتە ئىستىخارە نامىزىنى ئوقۇپ ئاللاھتىن ھاجىتىنى تىلىگەندىن كېيىن قىلماقچى بولغان ئىشنى قىلىۋېرىشنى دېگەن.

شۇڭا بۇ ناماز ياخشىلىق تەلەپ قىلىش نامىزى دەپ ئاتالغان. ئەگەر ئۇنداق بولماي چۈشىدە بىشارەت ئىزدەش توغرا بولىدىغان بولسا بۇ نامازنى ئىستىخارە نامىزى دەپ ئاتىماي بىشارەت نامىزى دەپ ئاتىغان بولاتتى. شۇڭا قانداق بىر ئادەم بۇ نامازنى ئوقۇپ قىلماقچى بولغان ئىشىمنى چۈشۈمدە كۆرىمەن دېگەن ئېتىقاددا بولىدىكەن بۇ ئادەم سۈننەت بويىچە ئىش قىلمىغان بولىدۇ.

بۇ نەفلى ئەمەل. نەفلە ئەمەلگە دىندا يوق بولغان ئىشتىن بىرنى قوشۇۋالسىڭىز بىدئەت پەيدا قىلغان بولىسىزدە ئەجرگە ئېرىشىش ئۇياقتا تۇرسۇن گۇناھكار بولۇپ قالىسىز. ئاللاھ ھەممىمىزنى بىدئەت ئىشتىن يىراق قىلسۇن.

Musulmanbiz.com

ئەگەر سىز ھەقىقى تەقۋا ئاللاھتىن قورقىدىغان بەندە بولسىڭىز ئاللاھ سىزنىڭ ئىشلىرىڭىزنى كۆڭۈلدىكىدەك قىلىپ بېرىدۇ. ئاللاھ بۇ توغۇرلۇق قۇرئانى كەرىمدە مۇنداق دىگەن {... كىمكى ئاللاھتىن قورقىدىكەن ،ئاللاھ ئۇنىڭغا چىقىش يۇلى بېرىدۇ.ئاللاھ ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ.كىمكى ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلسا ئاللاھ ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ...}(سۈرە تالاق 2.3.ئەيەتلەرنىڭ بىر قىسمى)

ئەگەر سىز بىرەر ئىش قىلماقچى بولسىڭىز رەسۇلۇللەنىڭ كۆرسەتمىسى بۇيىچىلا ئىستىخارە نامىزى ئۇقۇڭ. بىرەر ئىشتىن شۇم پال ئالماڭ. يەنى بىرەر ئىشنى قىلغان بولسىڭىز شۇ ئىشنىڭ بېشىدا ئازراق پىشكەللىككە يۇلۇقسىڭىز ‹بۇ ياخشىلىقنىڭ بىشارىتى ئەمەس› دەپ قىلماقچى بولغان ئىشىڭىزنى توختىتىپ قويماڭ. رەسۇلۇللە شۇم پال ئېلىشتىن توسقان. ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بۇيىچە پەقەت ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلىپ قىلماقچى بولغان ئىشىڭىزنى قىلىڭ.

ئەگەر سىز ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلسىڭىز ئاللاھ سىزگە كۇپايە قىلىدۇ.ئاللاھ سىزگە . چىقىش يۇلى بېرىدۇ،ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋەككۇل قىلغۇچىلارنى ياخشى كۇرىدۇ. بۇلار ئاللاھنىڭ ۋەدىسى. ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر.ئاللاھ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ.

Musulmanbiz.com